# يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى قەتئىي توسۇش كېرەك

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى ھادىسىسى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ!» باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى توسۇش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى قەتئىي توسۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى، تەشۋىق - تەربىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېجەشلىك بولۇش ئادىتىنى ھەقىقىي يېتىلدۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىسراپچىلىقنى نومۇس، تېجەشلىك بولۇشنى شەرەپ بىلىدىغان كەيپىيات يارىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى پارتىيەمىزنىڭ ئىقتىسادچان - تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، چېكىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى روشەن پوزىتسىيەسى ۋە قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلقچىل ھېسسىياتىنى نامايان قىلدى.

«ئىقتىسادچىللىق ئېسىل پەزىلەت، ئىسراپخورلۇق ئەڭ ناچار ئىللەت.» 2013 - يىلىنىڭ بېشىدىلا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، «ئىسراپچىلىق شامىلىنى جەزمەن قەتئىي توسۇش كېرەك» دەپ تەكىتلەپ، «تىرىشىپ تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشنى پۈتۈن جەمئىيەتتە ئەۋج ئالدۇرۇپ ئادەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك» دەپ چاقىرىق قىلغان. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، «يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى» «ھاراق جوزىسىدىكى زىياپەت» قاتارلىق كادىرلار، ئامما قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قەتئىي ئىنقىلاپ، رەتكە سېلىشتىن تارتىپ، «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش نىزامى»نى تۈزۈپ چىقىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرى چىقىمى ۋە ھۆكۈمەت پۇلىغا ئىستېمال قىلىش داۋامىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ، ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ھەقىقىي توسۇشقىچە؛ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئەخلاق يېتىلدۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق تېجەشلىك بولۇش ھەرىكىتىنى باشلاش، ساغلام، مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈشتىن تارتىپ، تائاملارنى پاكىز يەپ بولۇشتەك «يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى»نى قوزغاش، ئىسراپچىلىقنى نومۇس، تېجەشلىك بولۇشنى شەرەپ بىلىدىغان تاماق ئۈستىلى يېڭى ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقىچە، بىر قاتار كۈچلۈك تۈزەش تەدبىرلىرى يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى ھادىسىسىدە سەل ياخشىلىنىش بولۇشقا تۈرتكە بولدى، بولۇپمۇ ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ھۆكۈمەت پۇلىغا چېتىشلىق يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتتە تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەنمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بىرقىسىم جايلاردا يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى ھادىسىسى يەنىلا مەۋجۇت، بەزىلىرى ھەتتا كىشىنى چۆچۈتىدۇ، كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ، جەزمەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى توسۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

جاپا - مۇشەققەتتە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، پارتىيەمىزنىڭ ئېسىل ئىستىلى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «پارتىيەمىز ئىلگىرى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇشقا تايىنىپ ئۈزلۈكسىز ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، ھازىر بىز يەنىلا مۇشۇنداق ئىدىيە بىلەن خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك.» پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپتىن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، بىر تەرەپتىن تېجەشلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن «غورىگىل تۇرمۇش» كەچۈرۈشتىكى مەقسىتى خەلقنى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. مەيلى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى قايسى سەۋىيەگە يەتسۇن، مەيلى خەلق تۇرمۇشى قانچىلىك ياخشىلانسۇن، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇش ئىدىيەسى ۋە روھىنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار جەزمەن «جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇش بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىمىز، تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولۇپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشىمىز، يەنە شانلىق نەتىجە يارىتىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى» دېگەننى ئەستە چىڭ ساقلىشى كېرەك. ھازىرقى «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي كېسىشىش مەزگىلىدە، شەرەپلىك تارىخىي بۇرچ، ئۇلۇغۋار كۈرەش نىشانى، مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ھەممىسى بىزنى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، چېكىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىشقا چاقىرماقتا.

يەنە شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى قەتئىي توسۇش ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلىتىمىز نوپۇسى كۆپ، يەر بايلىقى نىسبەتەن كەمچىل دۆلەت، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىلدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى بىلەن ئېھتىياجى ئارىسىدا جىددىي تەڭپۇڭ ۋەزىيەت يەنىلا ساقلىنىدۇ، ئاشلىق ئىسراپچىلىقى ئېلىپ كەلگەن بايلىق ئىسراپچىلىقى، مۇھىت بۇلغىنىشى مەسىلىسىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. دۆلىتىمىزدە 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇس بار، ھەر بىر ئادەم، ھەربىر ئائىلە ئاشلىق تېجىسە ياكى ئاشلىق ئىسراپ قىلسا قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئوخشاشلا ئاز سان ئەمەس. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: «گەرچە ئېلىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە قارىتا يەنىلا باشتىن - ئاخىر كرىزىس ئېڭى بولۇش كېرەك، بۇ يىل يەرشارىۋى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن تەسىر بىزگە يەنە ئاگاھ سىگنالى چالدى.» خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا قانچە دۇچ كەلگەنسېرى، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى شۇنچە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ھەم قىلچە بوشاشماي ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ تاماق قاچىسىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ھەم ئاشلىقنى تېجەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭىتىپ، يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قىلمىشلىرىنى قەتئىي توسۇپ، تېجەشلىك بولۇپ خەلقنى بېيىتىپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش تاماملىنىدىغان يىل. كېلەر يىلدىن باشلاپ، دۆلىتىمىز «14 - بەش يىل» مەزگىلىگە قەدەم قويىدۇ، بۇ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىدا ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان بىرىنچى بەش يىل. بىز بىرلىكتە جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇش ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۈرەش قىلىش كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش يارىتايلى، ياخشى قەدەم ئالايلى.

**(8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

# ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى سىجىل تۆۋەنلىدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى توققۇز بولۇپ، ھەممىسى مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىشنى قوبۇل قىلىۋاتقانلار؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى سەككىز. 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت 24 كىچە، شەھەر بويىچە ھازىر بار بولغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 532، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 130. ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم بىر خانىلىق سانغا چۈشتى، بىر كۈندە ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئۇدا بەش كۈن يېڭىدىن دوكلات قىلىنغان يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتتى. مۇتەخەسسىسلەر ۋە دوختۇر - سېسترالار دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنى تەھلىل قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسىنى خۇلاسىلەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى تەجرىبە ۋە تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلەپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 38 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 37سى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاغرىق مىسالى، بىرى سانجى ئوبلاستىدىكى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن كىرگەن ئاغرىق مىسالى؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئالتە يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 302، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 95، جەمئىي 397.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى ئارقىلىق، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزىدە، 100 مېتىرغا يېقىن ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ تولۇق ئاپتوماتىك ئايرىش ماشىنىسى بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا بىر پوسۇلكىنى ئايرىشنى تاماملىيالايدۇ، بىر تەرەپ قىلىش سۈرئىتى ئادەم كۈچىدىن بىر ھەسسە تېز بولۇپ، يەنە خاتا ئايرىش نىسبىتىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

تېز يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ ئىش مىقدارى تېز ئاشتى، ئېلېكترونلۇق سودا ئەشيا ئوبوروتى ۋە بىرىنچى سەپتىكى تېز يەتكۈزۈش شىركەتلىرى ئەشيا ئوبوروتىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتوماتىك ئايرىش ئۈسكۈنىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قوللاندى.

بۇلتۇر، شىنجاڭ جياڭەن شېنتۇڭ ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يۆتكەپ توشۇش مەركىزىدە گىرەلەشمە تاسمىلىق ئاپتوماتىك ئايرىش سىستېمىسىنى ئىشلەتتى، بۇ سىستېما بىر سائەتتە 15 مىڭ ئەتراپىدا تېز يوللانما پوسۇلكىسىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، ئادەم كۈچىنى تېجەپلا قالماي، بىر تەرەپ قىلىش مىقدارىنى %30تىن كۆپرەك ئاشۇردى. «پوسۇلكىنى ئاپتوموبىلدىن چۈشۈرۈشتىن تارتىپ ئايرىشقىچە، ئاندىن ئاپتوموبىلغا قاچىلاشقىچە بىردەك ئۈسكۈنىنىڭ ياردىمىگە تايىنىمىز، ئاقما مەشغۇلات پوسۇلكىلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى تېخىمۇ تېزلەتتى، تېخىمۇ بىخەتەر قىلدى» دېدى بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى.

ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەن ئەشيا ئوبوروتى گۈللەنگەن دەۋرگە يۈزلىنىپ، شىنجاڭ پوچتىسى ھەم ھەرقايسى ئەشيا ئوبوروتى تىجارەتچىلىرى بەس - بەستە تولۇق ئاپتوماتىك، يېرىم ئاپتوماتىك ئايرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتوماتلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ تېز ئىلگىرىلەش كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، مەشغۇلات ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

### يېڭى سۇپا كەسىپنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلەتتى

ئاقىللىق يالغۇز ئۈسكۈنىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە يېڭىلاشتىلا ئىپادىلىنىپ قالمىدى.

خوتەننىڭ مۇزلىتىلغان يېڭى توخۇ گۆشى، ئالتاينىڭ يېڭى قوي - كالا گۆشى، چۆچەكنىڭ ماروژنىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سوغۇق زەنجىرلىك ئەشيا ئوبوروتى ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى خېيخۇڭ خەلقئارا يېمەكلىك ئەشيا ئوبوروتى پورتىغا توشۇپ كېلىنىپ سودا قىلىنىدۇ.

«گەرچە بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز ئەشيا ئوبوروتى بولسىمۇ، بىراق ئوخشاشلا ئالاقە تورى گېنىنى ھازىرلىدۇق.» 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، خېيخۇڭ خەلقئارا يېمەكلىك ئەشيا ئوبوروتى پورتىنىڭ باش دىرېكتورى يەن لىنلۇڭ مۇنداق دېدى: «ئەشيا ئوبوروتى پورتىمىز رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، بۆلۈپ سېتىپ تەقسىملەپ يەتكۈزۈشتە، پۈتۈن جەريانلىق سوغۇق زەنجىرلىك كۆرۈنمە مەشغۇلاتنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمەلىي ۋاقىتلىق توشۇش سانلىق مەلۇماتلىرىنى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سوغۇق زەنجىرلىك ئوبوروتىنى نازارەت قىلىش سۇپىسىغا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى ئۇچۇر سۇپىسى قۇردى، بۇنىڭدا سوغۇق ساقلاش ئامبىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى، سوغۇق ساقلاش ئاپتوموبىلىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئەمەلىي ۋاقىتتا كونترول قىلغىلى، يېمەكلىك ئۇچۇرىنى پۈتۈن مۇساپىلىك سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ».

جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونى سانجى شەھىرىنىڭ سەنگۇڭ بازىرىغا جايلاشقان، جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش مەزگىلىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرگەن «جۇڭجياڭ سانلىق مەلۇمات ئالماشتۇرۇش مەركىزى» ئاقىل سۇپىسىدا ئاپتوموبىل بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، تۆمۈريول ترانسپورتى بىلەن تاموژنا نازارەتچىلىكىدىكى ئامبارنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، مالنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردىكى ئۇچۇرلارنى دەل جايىدا ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ماللارنى تەڭشەپ توشۇشنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى يەتكۈزگەن ماددىي ئەشيا 6 مىليون 500 مىڭ توننىدىن ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %65 كۆپەيدى.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاقىللىشىشنىڭ تېزلىشىشى يەنە قەشقەر يېڭىفاڭ خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى كەسىپلەر باغچىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. باغچە رايونى قۇرغان ئەشيا ئوبوروتى ئۇچۇر ئورتاق بەھرىلىنىش سۇپىسى تور سىرتىدىكى خېرىدار بايلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كەلگۈسىدە سانلىق مەلۇماتلارنى تورغا كىرگۈزۈش، يۈك ئاپتوموبىللىرىنى تەڭشەپ يۆتكەش، مال بايلىقىنى تەڭشەپ تەقسىملەشنى مۇقىم سۇپا بىلەن تەمىنلەپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى باغچە رايونلار بىلەن ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەمتۈرتكە بولۇش، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

ئاقىل ئەشيا ئوبوروتى ھەربىر يۈك، توشۇش قورالى، ئامبارنىڭ ھەممىسىنى رەقەملەشتۈرۈلگەن تۈگۈنگە ئايلاندۇردى، ئەشيا ئوبوروتى تورىدا نۇقتىلارنى تۇتاشتۇرۇپ لىنىيە ھاسىل قىلدى، لىنىيەلەرنى تۇتاشتۇرۇپ دائىرە ھاسىل قىلدى، ئورتاق ھەمكارلىشىپ، ساھەنىڭ چوڭ قەدەمدە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

### يېڭى ئەندىزە ساھە ئۈچۈن «ئىسخېما سىزىپ مودېل ياساپ بەردى»

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئېلېكترونلۇق سودا تېز يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروتى ئايرىش مەركىزىدە، شىنجاڭ شۈنفېڭ تېز توشۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاقسۇ يىغىش - تارقىتىش نۇقتىسىدىكى ئىشچىلار ئورالغان خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يەتكۈزۈش تاسمىسى ئارقىلىق ئۈزۈلدۈرمەي توشۇپ، ئاپتوموبىلغا قاچىلاۋاتاتتى. «ھازىر ئاساسلىقى ئاۋىياتسىيە ئارقىلىق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توشۇلىدۇ، خېرىدارلار توردا زاكاز چۈشۈرسە، بۇ تەرەپتە ئېتىزدىن ئۈزۈپ كېلىپ بىۋاستە ئوراپ قاچىلاپ ئەۋەتىلىدۇ، ناھايىتى تېزلا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، ھەر كۈنلۈك پورتتىن چىقىرىلىش مىقدارى 15 توننىغا يېقىنلىشىدۇ» دېدى يىغىش - تارقىتىش نۇقتىسىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ يۈكاڭ.

«نۆۋەتتە، ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئېلېكترونلۇق سودا تېز يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروتى ئايرىش مەركىزىدە شۈنفېڭ، جىڭدۇڭ، دېباڭ، يۈەنتۇڭ قاتارلىق توققۇز تېز يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروتى شىركىتى، ھەمدە 85 ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىسى ماكانلىشىپ تىجارەت قىلىۋاتىدۇ» دېدى ئاقسۇ سودا ئەشيا ئوبوروتى كەسپلەر باغچىسى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۇ لىنبىن. بۇ يىل 5 - ئايدا، ئاقسۇ سودا ئەشيا ئوبوروتى كەسپلەر باغچىسى 1 - تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش ئەشيا ئوبوروتى باغچىلىرى قاتارىغا تاللاندى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش ئەشيا ئوبوروتى باغچىلىرىنى بېكىتىشتىكى مەقسىتى ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونى قۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەشيا ئوبوروتى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. تاللانغان ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونلىرى كۆپ يىل جاپالىق تىرىشىپ ماھارەت يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، سانلىق مەلۇمات توپلاش، پۇل مۇئامىلە چىقىمى، ئۇچۇرلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، مەنبەنى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە پايدىلىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغان.

كەلگۈسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونلىرى يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىپ، ئىلگىرىكى نوقۇل ھالدا ترانسپورت، ئامباردا ساقلاش، سودا قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئەندىزىگە تايىنىپ تىجارەت قىلىشتىن تەدرىجىي ھالدا چوڭ سانلىق مەلۇمات، نەرسە تورى، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان قاتتىق دېتال ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق يېڭى تىپتىكى ئەشيا ئوبوروتىغا قاراپ تىپ ئۆزگەرتىدۇ ھەم «ئالاقە تورى + ئەشيا ئوبوروتى» «ئەشيا ئوبوروتى + سودا» قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك كەسىپ ھالىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)